# بناکار تۇلکه



# بناكار توُلكه



مىلله‌تله‌ر نه‌شرىياتى

بېيجىن ـ 1956

# كىرىش سۆز

«بىناكار تۈلكە» ناملىق بۇ كىتاپچىدا، توخۇ فېرمىسى باشلىغى قېرى شىرنىڭ توخۇ ئوغرىسى تۈلكىگە بىپەرۋالىق بىلەن ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇنى يېڭى بىر توخۇ فېرمىسى ياسىتىش ئۈچۈن، بىناكارلىققا سالغانلىغى، ئاخىرى ھەييار تۈلكە ئۇنىڭ ھەممە توخۇلىرىنى ئوغۇرلاپ كەتكەنلىگىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ھېكايە بىزگە، ھەرقانداق ئىشقا بىپەرۋالىق قىلماسلىق ۋە ھەردايىم سەزگۈر بولۇپ، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ ئارىمىزدىن ئورۇن ئېلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق لازىملىغىنى كۆرسۈتۈدۇ.



پاكار – پاكارتاغ تۇۋىدە،
توخۇ فېرمىسى بار ئىكەن.
چۇجىلەر جىق بۇ فېرمىغا،
شىر جاناپ باشلىق ئىكەن.



ئېشەك شىرغا بوغالتېركەن،
تىنماي ھېساپ قىلىدىكەن.
كۈنگە چۈجىلەر ژۆتكەشكە،
ئۇ، تازا ھەيران بولۇدىكەن.



ئەسلىدە ئوغرى كىم ئىدى؟

ئۇ بولسا ھەييار تۈلكە ئىدى.



شر : نەمشكە كۇندە چۇجە يوق؟

ياكى بولمسا ئوغرى سار .

ئشەك : مەن بلمەن ھسا پنلا ،

بۇ ئشنى ئوزەگدن سورا.



شىر قارىسا ئەتراپقا،
ئۆيلەر بۇزۇلۇپ بوپتۇ.
— ئەمدى يېڭى بىر فېرما
ياساش زۆرۈر — دەپتۇ.




ئەتىسى قېپتۇ بىر جاكا:
بىناكارلار تېز كەلسۇن،
كىملەر داڭلىق، كىم ئۇستا،
ئۇلگىسىنى ئەكەلسۇن.




بۇنى ئاڭلاپ قۇۋ تۈلكە

ئۇخلىماستىن شۇكۇنى.

قاق سەھەردە فىرمىغا،

ئېلىپ كەلدى ئۈلگىنى.



ئىشەك دەسلەپ ئىشەنمەي،
قاچاندىن ئۇستا ـ سەن؟ دىدى.
تۇلكە دەرھال يالغاندىن:
ئەزەلدىن ئۇستامەن ـ دىدى.



تۇلكە قىلىپ ھەييارلىق،
بىر نېمىلەرنى كورسەتتى،
خوشامەتتە ئايناقلاپ،
كوزلىرىنى چوگلەتتى.



ئالغاچ كەلــگەن سوغىنى
دىدى سىلىپ تارتمىغا:
ئاز بولسىمۇ، بوغالتىر،
خوش، ئىلتىپات قىلسىلا.



سوغىنى ئېلىپ بوغالتېر،
دىلى بولۇپ بەك خۇرسەن:
رەخمەت سىزگە بىناكار،
ئىشلەۋېرىڭ خاتىرجەم.



باشلىغىغا بوغالتىر:

— لايىھەنى كۆرۈڭ — دېدى.

باشلىق كۆرۈپ بىر — بىردىن:

— ھەممىسى بۇشىڭ — دېدى.



هىلە قىلىپ بوغالتىر :

ـ مانا ئۈلگە، بەباھا،

قارىسىڭىز بەك گۈزەل ـ

دەپ سۆزلىدى بىر تاغا.



تۇلكنىڭ · بۇ ئۇلگسى :

ھەقىقتەن ياخشكەن !

ھەم چرايلق ، ھەم پۇختا ،

ھەم ئازادە، رەتلككەن .



خوشاللىقتىن شىر ئەمدى،
دەرھال شۇ قارارغا كەلدى:
تېز قىچقىرىپ بىناكارنى،
چاپسان ياساڭلار فېرمامنى!



ئىش باشلاندى ۋاخ - ۋۇخ:
تاقىر، تۇقۇر، تاق، تۇق...
بىر نەچچە كۈندىلا،
فېرما پۈتتى شاق، شۇق.



تازىم قىلىپ، قول باغلاپ،

دىدى توُلكه يورغىلاپ:

ۋاي چوڭلوُروُم كەلسىله!

يارارمىكىن كورسىله؟



«كۇچمۇ، پۇلمۇ تېجەلدى،
ھاشالار ئىگىمز، تام چىك.
كۇندۇزى سارنى توساش يوق،
ئۇخلاڭلار، تۇندە پاك شىك»




مانا بۇ توخۇلارنىڭ
يېڭى تاماق خانىسى.
رەتلىك، پاكىز، ئازادە؛
ھېچ يەردە يوق چالىسى.



بۇنىڭ ئىچى، چوڭلۇرۇم،
توخۇلارنىڭ ياتىقى.
ساپ هاۋالىق هەم يورۇق؛
هېچ يەردە يوق چاتىقى.



تۈلكىچاغا بېرىپ ھەق،
شىر ئوقىدى مىڭ رەھمەت.
سوغا قىلىپ بىرقولۇپ،
تۈلكە ماڭدى ئىش ئەپلەپ.



تۈلكە ياردەم قىپ تۇردى

ئاخىر غىچە فېرمىغا،

توخۇ ۋە چۈجىلەرنى

يوتكەپ ئۈيان - بۇيىنىغا.



قاقاقلىشىپ توخۇلار،
چۇرۇقلىشىپ چۇجىلەر،
ھەجەپ ئاۋات بوپ كەتتى،
يېڭى سالغان بۇ ئۆيلەر،



شىر كورۇپ بۇلارنى،
خوشلۇق چۈشتى كوڭلىگە.
ئىچ - ئىچىگە پاتماستىن،
قايىل بولدى تۈلكىگە.



ماختاپ ـ ماختاپ فېرمىنى
شىر ئۇخلىدى بەخۇدۇك.
ئەمدى قىلمۇ ژۇتمەيدۇ،
نىمە كېرەك دەككىدۇك!



سىرنى بىلەر تۈلكىلا،
بىلمەس باشقا ئىنسىجىن:
كورسەڭ ھاشا بەك ئىگىز،
ئىشىك تەييار ئەسلىدىن!



قارىماققا ئاينىكا،

بوغما ياسون بىرمورا.

ئاچساڭ ئۇنىڭ ئاستىدىن

ئۇمۇ ئىشىك ئەسلىدىن.



باشتا ئالدى چوُجىنى،
كېيىن ئالدى چوگىنى.
باشتا ئالدى بىر – بىرلەپ،
كېيىن ئالدى توُركوُملەپ.



ئېچىپ بېقىپ دەپتەرنى
قوقۇپ كەتتى شىر چۇچۇپ،
توخىدىن يوق ئون نەچچە،
چۇجىدىن يوق ئوتتۇز جۇپ!



شىر شۇيەردىن گۇكىرەپ

بۇيرۇق قىلدى ئىشەككە:

— ياخشى قارا توخىغا،

تۇنلەردە چىق گۇزەتكە!



ئىشەك چىقىپ گۈزەتكە
قىلچە گۇمان قىلمايدۇ:
— ھاشا ئىگىمىز، قاپقا چىڭ، —
دەيدۇ راسا ئۇخلايدۇ.



ئوغاق ئايلىق، يۇلتۇزلۇق
كېچە ئىدى، يوپ - يورۇق.
ئاچتى سىرلىق ئىشىكنى،
تۈلكە ھەييار، چوڭ قۇيرۇق.



تۇلكە قەسنلەپ ھەممنى
سېلىۋەدى تاغارغا،
توخۇ قوقۇپ توۋلىدى:
- قۇتقۇزۇڭلار، ئاكىلار.



باشلىق ئاڭلاپ توخۇنىڭ
ۋاقىرىغان ئۈنىنى.
دەرھال تۇرۇپ ژۇگۈردى،
كەيمەي يوغان تونىنى.



تۇلكە شىرنىڭ شەپىنى
ئاڭلاپ قىلىپ ئالدىردى؛
قاچتى ئاتىپ ئۈستىگە،
توخۇ سالغان تاغىرنى،



شىرۋاي كېلىپ دەررۇلا،
سىرلىق يەرنى تېپىپ ئالدى.
تۇلكە ئوغرى ئانغىچە،
تۇتقۇزماي كېتىپ قالدى.



ئارقىسىدىن شىر جاناپ،
«ئىشىك» كىچە ئۈلگۈرگەن:
ئايدىڭدا راس سىنچىلاپ،
قارىسا، ئوغرى - تۈلكىكەن.



كىم ٴىپىپكار؟ ـ مەن ٴوزەم!
ٴىشەككە يەتىمدى كوزەم،
تۇلكىگە ٴىشىنىپ ھەتتا،
بولدۇم بىخۇت، بىپەرۋا!

書號：703(4)150
狐狸建築師
（維吾尔文）
中國電影發行公司改編
李淑芬、谷　梅描繪
民族出版社翻譯出版
地址：北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠排版
京華膠印廠印刷
新華書店發行

---

1956年10月北京第一版
1956年10月北京第一次印刷
787粍×1092粍1/40　印張1
印數：1—14,200冊　定價：一角一分
統一書號：MR8049·維39